

«كىچىك يولۋاس» چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# باتۇر كىچىك پىنگۋىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

بۇ كىتابنى سۆيۈملۈك ______________ تەقدىم قىلىمەن.

______________ دىن.







**图书在版编目(CIP)数据**

勇敢的小企鹅：维吾尔文 / (英) 科尔德鲁瓦著；(英) 斯科特绘；孙艳敏汉译；买然木汗·那以甫维译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2015.11
（小老虎童书馆系列）
ISBN 978-7-5469-7704-1

Ⅰ. ①勇… Ⅱ. ①科… ②斯… ③孙… ④买… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－英国－现代 Ⅳ. ①I561.85

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 263899 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木　　责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：夏依买尔旦·艾尼瓦尔　　责任印制：刘伟煜
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜

丛 书 名　小老虎童书馆
书　　名　勇敢的小企鹅（维吾尔文）
作　　者　特雷西·科尔德鲁瓦
插　　图　加文·斯科特
译　　者　买然木汗·那以甫
出　　版　新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
制　　版　乌鲁木齐穆拉卡提文化传媒有限公司
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/12
印　　张　2.5
版　　次　2015 年 11 月第 1 版
印　　次　2016 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7704-1
定　　价　18.00 元

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

«كىچىك يولۋاس» چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# باتۇر كىچىك پىنگۋىن



ئاپتورى: تراتسى كوئاردىۋا [ئەنگلىيە]
رەسىمنى سىزغۇچى: گاۋىن سكوتتېر [ئەنگلىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەمخان نايىپ

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

دوغىلاققىنا كەلگەن ئۈچ كىچىك پىنگۋىن بېلىق يەۋاتاتتى.

پىنگۋىننىڭ ئاكىسى پوسېي بىلەن ئاچىسى پودو ياۋاشلىق بىلەن بېلىقلىرىنى يەپ تۈگەتتى، لېكىن ئۇكىسى پوپپېر تۈكلۈك قۇرت قورچىقىنى ئويناپ بىر تالمۇ بېلىق يېمىدى. تۈكلۈك قۇرت قورچاق پوپپېرنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقى ئىدى.



— ھەي، پوپپېر! بېلىقىڭنى تېزرەك يېمىسەڭ، بېگىز چىش كېلىپ بېلىقلىرىڭنى بۇلاپ كېتىدۇ، — دەپتۇ ئاكىسى پوسېي.

بېگىز چىش دېگەن ھېلىقى مىجەزى چۇس قېرى دېڭىز پىلىغۇ؟ ئۇنىڭدىن كىم قورقاتتى! ئىشقىلىپ مەن قورقمايمەن، — دەپتۇ پوپپېر قاقاھلاپ كۇلۇپ تۇرۇپ.







ئۈچ كىچىك پىنگۋىن بېلىقلىرىنى يەپ بولغاندىن كېيىن سۇ ئۈزۈپتۇ. لېكىن پوپپېر بولسا قورسىقىنىڭ ئۈستىدىكى تۈكلۈك قۇرت قورچىقىنى ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن دەپ قورسىقىنى يۇقىرىغا تومپايتىۋېلىپ سۇ ئۈزۈپتۇ. پودو بۇنى كۆرۈپ ئۇھ تارتقىنىچە:

— ھەي پوپپېر ئەمدى تېزراق ئۈزمىسەڭ، بېگىز چىش كېلىپ سېنى ئېلىپ قاچىدۇ، — دەپتۇ.

— بېگىز چىش؟ ئىشقىلىپ مەن ئۇنىڭدىن قورقمايمەن، — دەپتۇ پوپپېر قاقاھلاپ كۈلگىنىچە.



سۇ بەكلا سوغۇق بولغاچقا، پىنگۋىنلار توڭلىغىنىدىن تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇلار بىرئاز ئۈزۈپلا قىرغاققا چىقىپ، «بىگىز چىش» ئويۇننى ئويناپتۇ.

پودو «ۋاھ» دېگىنىچە:

— مەن بىگىز چىش، مەن سېنى تۇتۇۋالىمەن، — دەپتۇ.



«ها، ها، ها!»

پوپپېر ئېرغاڭشىغىنىچە قار دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، چىرايىنى بەتبەشىرە قىلىپ:

— ماڭا كەلدى، ماڭا كەلدى، مەن دېگەن بېگىز چىش، مەن سىلەرنى يېسسىماق قىلىۋېتىمەن، هايت! هايت! هايت، — دەپتۇ.





پىنگگۋىنلار كەچ كىرگىچە خۇشال - خورام ئوينىپتۇ، ئەمما پوپپېرنىڭ تۇيۇقسىزلا ئويىنغىسى كەلمەپتۇ.

ــ پوپپېر، قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ پوسېى.

ــ پوپپېر، ھېرىپ قالدىڭمۇ - يە؟ ــ دەپ سوراپتۇ پودومۇ.

پوپپېر گەپ قىلماي، ئېغىزىنى پۇرۇشتۇرۇپ يىغلاپ كېتىپتۇ.



«مېنڭ تۈكلۈك قۇرت قورچقم يتۈپ كېتپتۇ».



كۆپچىلىك ئالدىراپ ـ تېنەپ پوپپىرنىڭ
قورچىقىنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ.

ئۇلار سۇ ئۈستى ۋە سۇ ئاستىنى ئىزدەپمۇ
قورچاقنى تاپالماپتۇ.

ئۇلار ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى ـ سىرتىنى ئالا
قويماي ئىزدەپمۇ قورچاقنى تاپالماپتۇ.



ـ تۈكلۈك قۇرتۇم، سەن قەيەردە چۈشۈپ قالغانسەن، سېنى باشقىلار تېپىۋالغاندىمۇ؟ ـ پوپپېر كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا شۇنداق دەپتۇ.





ئاسمانى قارا بۇلۇت قاپلاپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ.
قار يېغىشقا ئاز قالغان بولسىمۇ، كۆپچىلىك ئىزدەشنى توختاتماپتۇ.
پوسېي قانىتىنى ئېچىپ پوپپېرنىڭ دولىسىدىن تۇتقىنىچە:
ــ سەن چوڭ بولدۇڭ، كىچىك باللارنىڭ ئويۇنچۇقىنى ئوينىمايسەن، شۇنداقمۇ؟ ــ دەپتۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.



— تۈكلۈك قۇرت ئويۇنچۇق ئەمەس، — دەپتۇ پوپپىر كۆڭلى يېرىم هالدا، — ئۇ مېنىڭ دوستۇم.



كۋپچىلىك ئۆيگە قايتىشقا تەمشىلىپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا پوپپېر تۇيۇقسىز:

ـــ توختاڭلار، ئېسىمگە كەلدى، تۇكلۇك قۇرتنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلدىم، ـــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئۇ قار دۆۋىسىدىن ئۇچقاندەك سىيرىلىپ چۇشۇپتۇ ـ دە:

ـــ تۇكلۇك قۇرتۇم، ـــ دەپ ۋارقىراپتۇ.



«مەن سىنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتىدىغان بولدۇم».



قار ئاسماندىن خۇددى ئۇسسۇل ئويناپ چۇشۇۋاتقاندەك يېغىشقا باشلاپتۇ.

پوسېي بىلەن پودو پوپپېرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغىنىچە:

ــ پوپپېر، تېز قايتىپ كەل، ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

پوسېي توساتتىن توختاپ قاپتۇ. ئۇ چوڭقۇر ئۇھسىنغىنىچە:

ــ چاتاق بولدى، ــ دەپتۇ.



پوپپېرنى بېگىز چىش تۇتۇۋاپتۇ.





بېگىز چىش ئاغزىنى ئېچىپتۇ، ئۇنىڭ ئىككى تال ئۇزۇن چىشىدىن قورقۇنچلۇق نۇر چاقناپتۇ.

بېگىز چىش تۇيۇقسىز كۆلۈپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ كۆلكە ئاۋازى جاراڭلىق بولۇپ، خۇددى چاقماق چاقىقانغا ئوخشايدىكەن.

«قىچىق، قىچىق!» دېگەن غەلىتە ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

ئەسلىدە پوپپېر تۈكلۈك قۇرۇت بىلەن بېگىز چىشنى قاشلاۋاتقانىكەن.

پوپپېر پوسېغا:

ــ قارا، بېگىز چىش مېنىڭ تۈكلۈك قۇرتۇمنى تېپىۋاپتۇ، ــ دەپتۇ.




ها، ها، ها...
«قیچق، قیچق!»



باتۇر پىنگۋىن پوپپېر كېيىن ھەربىر پىنگۋىنغا بىردىن تۇكلۇك قۇرۇت قورچاق ياساپ بېرىپتۇ.

شۇ ئىشتىن كېيىن بىگىز چىشنى قاشلاش كۆپچىلىكنىڭ ئەڭ ئامراق ئويۇنغا ئايلىنىپتۇ.





بۇ كىتاب زامانىۋى مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 2013 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据现代教育出版社2013 年 4 月第 1版,2014 年 4 月第 2 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم

مەسئۇل مۇھەررىرى: شاھىمەردان ئەنۋەر

قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم

باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېييۇ

«كىچىك يولۋاس» چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# باتۇر كىچىك پىنگۋىن

ئاپتورى: تراتسى كوئاردىۋا [ئەنگلىيە]

رەسىمىنى سىزغۇچى: گاۋىن سكوتتېر [ئەنگلىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەمخان نايىپ

---

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد- تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن- تېخنىكا باغچە يولى 5- قورۇ

**پوچتا نومۇرى:** 830026

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى مۇلاقات مەدەنىيەت تارقىتىش چەكلىك شىركىتى

**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/12

**باسما تاۋىقى:** 2.5

**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**بېسىلىشى:** 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 7704 - 1

**باھاسى:** 18.00 يۈەن

---

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)

**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى- شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

---



ISBN 978-7-5469-7704-1

定价:18.00 元